# بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا باشلانغان. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، بىر قاتار ئىسلاھاتنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى، بىر قاتار مۇھىم، زور سىياسەت، ھەرىكەت، يىرىك پىلاننى چىقىرىپ، قاتتىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتكە چېقىلىش، بولۇپمۇ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا چېقىلىش قىلمىشلىرىنى قەتئىي قانۇن بويىچە جازالىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، جۇڭگوچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەرەققىيات يولىنى ئېچىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە تەتبىقلاش يىرىك پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، نىشان، ۋەزىپە، تەدبىر ۋە يولغا قويۇش ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئۆزىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىش، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئادىل، مۇۋاپىق قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قاتتىق قوغداش، ھەم ئاممىۋى مەنپەئەتكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە خاس بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى يارىتىش ۋە زاپاس ساقلاشنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ قانۇنچىلىقلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، پاتېنت قانۇنى، تاۋار ماركىسى قانۇنى، ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى قاتارلىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنلار ئارىسىدىكى بىردەكلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇغراپىيەلىك بەلگە، سودا مەخپىيىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەق تەلەپ ئىشلىرى جەھەتتىكى ئەدلىيەلىك قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى دېلولىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دەۋا قائىدىسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر سوت قىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى ئۆلچىمى ۋە ئەدلىيەلىك ھۆكۈم چىقىرىش ئۆلچىمىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى بىلەن قانۇن يۈرگۈزۈشنى جىپسىلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ئەدلىيەلىك چۈشەندۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىنايى ئىشلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى سالمىقىنى زورايتىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، جەمئىيەت ئاممىۋى پىكرى دىققەت قىلىۋاتقان، ھوقۇققا چېقىلىش، ساختىلىق قىلىش كۆپ يۈز بېرىۋاتقان نۇقتىلىق ساھە ۋە رايونلاردا قاتتىق زەربە بېرىش، تەلتۆكۈس تۈزەش، دەل جايىدا چۆچۈتۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى پۈتۈن زەنجىرلىك قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن، مەمۇرىيەت، ئىقتىساد، تېخنىكا، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل ۋاسىتىلەرنى ئۈنۈۋېرسال تەتبىقلاپ، تەكشۈرۈش - ھوقۇق بېرىش، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش، ئەدلىيەلىك قوغداش، كېسىم - مۇرەسسە قىلىش، ساھە تەلەپچانلىقى، پۇقرالار سەمىمىي بولۇش قاتارلىق ھالقىلاردىن قوغداش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، كەڭ دائىرىلىك قوغداش خىزمەت ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى يارىتىش، تەتبىقلاش، قوغداش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش پۈتۈن زەنجىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۈنۈۋېرسال باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سىستېمىلىق قوغداش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش، ئادىل رىقابەتلىشىش بويىچە تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرتىپلىك يۆتكىلىشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەقسىملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلققە قولايلىق، خەلققە پايدىلىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق خەلققە تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزۈش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ تور ۋە تور سىرتىدىكى يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تەلەپچانلىق مېخانىزمى ئورنىتىشقا ئىلھام بېرىپ، سەمىمىيەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تەشۋىقات - تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى تۈزۈلمە - مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ساھەسىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدۇق، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. پەرقلىق بولغان كەسىپ ۋە رايون بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى سىياسىتىنى تەتقىق قىلىپ يولغا قويۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، گېن تېخنىكىسى قاتارلىق يېڭى ساھە، يېڭى كەسىپ ھالىتىدىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئەنئەنىۋى بىلىم قاتارلىق ساھەلەردىكى قوغداش چارىسىنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ تۈزۈش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە سوت قىلىش ساھەسىدىكى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى دەۋا تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېخنىكا تۈرىدىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە سوت قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتىكى جازالاش خاراكتېرلىك تۆلەم تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى باھالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەۋەلىكى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاقىدار تۈزۈملەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، تەڭپۇڭ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەشكىلىي رامكىسىدىكى يەر شارىۋى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىدارە قىلىشقا چوڭقۇر قاتنىشىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئالاقىدار خەلقئارا سودا، خەلقئارا سېلىنما قاتارلىقلارغا ئالاقىدار خەلقئارا قائىدە ۋە ئۆلچەملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يەر شارىۋى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جۇڭگونىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، مەدەنىي چوڭ دۆلەت، مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت ئوبرازىنى نامايان قىلىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرىدىغان لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىلىمدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ساھەسىدىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش كېرەك. دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلارنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە چېتىلىدىغان بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى سىرتقا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتىكى مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش، ئادىل رىقابەتلىشىشكە ئالاقىدار قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يوللۇق، كۈچلۈك چەكلەش ۋاسىتىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئالاقىدار قانۇن - بەلگىلىمىلەرنىڭ زېمىن سىرتىدا تەتبىقلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، چېگرا ھالقىغان ئەدلىيە ھەمكارلىقى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى ئۈنۈملۈك خەلقئارا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە خەۋپ - خەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتىكى چەتكە چېتىشلىق خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىگە ئالاقىدار ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، ساختىلىق قىلىش، ھوقۇققا چېقىلىش قىلمىشلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىپ، يەرلىك قورۇقچىلىقنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، كەسىپكە پىششىق بولۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پەلەستىن - ئىسرائىلىيە خەلقلىرىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئارزۇسى بولۇپلا قالماي، يەنە رايوندىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ سەمىمىي ئۈمىدى. خەلقئارا جەمئىيەت «ئىككى دۆلەت لايىھەسى» توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار قارارلىرى، «يەرنى تىنچلىققا ئالماشتۇرۇش» پرىنسىپى قاتارلىق خەلقئارا ئورتاق تونۇشنى ئاساس قىلىپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە تىرىشىپ تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پەلەستىنگە ئېلىپ كەلگەن كەسكىن خىرىسىغا تېخىمۇ كۆپ دىققەت قىلىپ، پەلەستىن خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو پەلەستىن مەسىلىسىگە يۈكسەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، خەلقئارا ھەققانىيەت ۋە ئەخلاق - ھەققانىيلىقتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرىدۇ، پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ھەققانىي ئىشلىرىنى قوللايدۇ، پەلەستىن مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق تىرىشچانلىقلارنى قوللايدۇ. يۇقۇم پارتلاش خاراكتېرلىك يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك يول ئارقىلىق پەلەستىن تەرەپنى كۆپ تۈركۈمدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. پەلەستىننىڭ ياخشى دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو داۋاملىق قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ. خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت ۋە مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو داۋاملىق خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە پەلەستىن مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك، ئادىل، ئۇزاققىچە ھەل قىلىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى، ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىجادچانلىقنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاتارلىق ھۆججەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى، مۇھاكىمە قىلىش پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن، يېقىندا ئېچىلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلمىي پىلانلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى باشلاش، ياخشى قەدەم ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئەڭ قاتتىق» تەلىپى بويىچە، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش ۋە تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىپ، ھەربىر مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي ياخشى ئىگىلەپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «يېمەك - ئىچمەك بىخەتەرلىكى»نى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

# يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىمىز

## —— ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر شۆبە ئۆمىكى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر شۆبە ئۆمىكى شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، قاراماي كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى سۇن شيۈلىڭ شىنجاڭ داشۆدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بەرگەندە، دۇنيا ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى، رايون ئەھۋالى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق مىساللار ۋە تەپسىلىي، ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى جانلىق چۈشەندۈردى، ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى قاتارلىق مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ھۆكۈم ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرلارنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ بايان قىلدى.

شىنجاڭ يىپەك سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىدە، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ داشۆ ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى، دوتسېنت سۇن جىڭبىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلدى، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلىدى، «14 - بەش يىل»دىكى گۈزەل ئىستىقبالنى سۈرەتلەپ بەردى.

«ئومۇمىي يىغىندا يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ بىزنىڭ يۇقىرى ساپالىق ‹ھۈنەرۋەن ئۇستازلار›نى يېتىشتۈرۈشىمىزگە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.» شىنجاڭ يىپەك سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش تارماق شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جيەنيۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كەسپىي مائارىپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زىچ باغلانغان، ئالىي كەسپىي مەكتەپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى يۇغۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈش بىزنىڭ نىشانىمىز ۋە ۋەزىپىمىز. بىز تېخىمۇ تىرىشىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ لاياقەتلىك يۇقىرى ساپالىق تېخنىكا - ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، يېڭى دەۋر كەسپىي مائارىپىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش سەھىپىسىنى پۈتىمىز.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قاھار ئالىم مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى تەربىيەلەيمەن.